# ئىككىنچى باب

# مارجاننامە

1

ئېھ ، پايانى يوق ئاسمان !

سېنىڭ بويىنۇڭدا سان ـ ساناقسىز يۇلتۇز تىزمىلىرى خۇددى جانان بويىندىكى قىزىل مارجانلاردەك يالتىراپ تاۋلىنىدۇ .

ئاھ ، چېكى كۆرۈنمەيدىغان ئوكيان !

سېنىڭ قوينۇڭ ھەددى ـ ھېسابسىز مارجان بىلەن تولغان . ئۇ يۇلتۇزلاردەك ، سۇ تېگىدە سىرلىق يوشۇرۇنغان .

مەن ئاسمان بويىندىكى يۇلتۇزلار بىلەن دېڭىز ـ ئوكيانلار قويىندىكى مارجانلار ئارىسىدا مۇھتاجلىق غېمىنى يەيمەن .

2

مەن ھىجران دېڭىزى بويىدا ، قىياغا سوقۇلغان ئۇپۇقۇنلارغا قاراپ كۆز يېشى تۆكۈپ سېنى سېغىنىمەن .

مەن ۋىسال ئاپتىپىدا قۇرۇغان كۆز ياشلىرىمدىن ئۈنچە ـ مارجانلار تېرىۋالىمەن .

مەن بۇنى شېئىرىيەتنىڭ قۇلۇلە قېپىغا سېلىپ ، ئىرپان دېڭىزىغا تاشلايمەن . مېنىڭ ھۈنىرىم ئادەمنىڭ سۆيۈملۈك پەرزەنتلىرىنىڭ قەدىمگە يورۇق چاچىدىغان قان رەڭلىك سۈپسۈزۈك مارجان ياساش .

3

يۇلتۇزلار مېنىڭ خىرە ئۇپۇقۇمنى يورۇتالمىدى ...

پەقەت ئوكيانلار تېگىدىكى سۇ پەرىسىنىڭ خەزىنىسىگە قامالغان رەڭدار يورۇق

مارجانلارنى ئاسمان يۇزىگە چاچقاندىلا ئالەم روشەنلىشىدۇ .

مەن زېمىننى گۈزەللىك ۋە خۇش پۇراقلىق بىلەن بېزىگەن باغۋەنگە ماسلىشىپ ،

ئاسمان يۈزىگە مارجان چاچىدىغان زەر چاچقۇچى بولالىسام ئىدىم ...

4

كىچىكىمدە ، جانسىز تەبىئەتكە ھەيران بولۇپ ، ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىم جانلىق

تەبىئەت ئىلمىگە بېرىلگەنىدىم . ياشلىق سۆبھىسىگە ئېرىشكىنىمدىن كېيىن ئۆزۈمنى

يوقاتتىم . مېنى سېنىڭ مىسلىسىز گۈزەللىك ئىچىدە چاقناپ تۇرغان قۇدرەتلىك

مۇھەببىتىڭ ئىختىيارىم راۋىقىدىن ئوغرىلاپ شېئىرىيەت دېڭىزىغا تاشلىدى .

مەن ئۆز ئوغرامنى مەدھىيلەيمەن ، ئۇنىڭ بوينىغا مارجان تىزىقلىرىنى تاقايمەن .

5

كۆزۈڭنى سېھىر بىلەن قاماشتۇرۇپ تۇرغان نەرسە ئېگىز قىيا ئۈستىدىكى گۈزەللىك

راۋىقى .

گۈزەللىك سېنى سېھىر بىلەن مەپتۇن قىلامدۇ ياكى سەن گۈزەللىكنى سېھىر بىلەن

كۆزىتەمسەن ؟ بۇ باغرىڭنىڭ ھەسىبى ھالى ( يول قويغانلىرى ، تۈيغانلىرى ، قىممىتى

دېگەن مەنىلەردە )غا باغلىق ...

مېنىڭ بىلىدىغىنىم : بۇ راۋاقنىڭ ئوڭ بىقىنىدا ياخشىلىقلار پەرىشتىسى دىيانەت

شىپاڭى سالسا ، ئۇنىڭ سول بىقىنىدا يامانلىقلار دېۋىسى ھىيلە - مىكىر خەندىكى

كولايدۇ .

دىلىمنى خاتىرجەمسىزلەندۈرۈپ تۇرغان نەرسە گۈزەللىكنىڭ تەقدىرى !

6

ئادەم ئۆزى خاتىرجەم بولغان نەرسىنىڭ ئۆزىدىن خاۋاتىرلىنىدۇ . چۈنكى : كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ ئۆز تىياتىرىنى كۆرستىدىغان سەھنىسى بىرلا ئاسمان .

7

دانىشمەن ئۈچۈن كېچىدە چىراغ ھاجەتسىز .

8

شائىرنىڭ شېئىرى بولمىسا ، گۈزەللىكىنىڭ ئېچىلمىغان ياقۇت خەزىنىسى ۋە ياكى غەرق بولۇپ كەتكەن كېمىنىڭ گەۋدىسى .

سېنىڭ گۈزەللىكىڭ بولمىسا ، شائىرمۇ غوزىسىز چار كېپىنەك ۋە ياكى سىياھسىز قۇرۇق قەلەم .

9

ئادەملەر ئۆمىد قالۇنى بىلەن ئۆتكەن ھاياتنىڭ ھەسرەتلىك مەرسىيىسىنى چېلىپ كەلدى . تارىخنىڭ ئۆمىد بىلەن كۈتىدىغنى ئىنسانىيەتكە بېغىشلانغان زەپەر قەسىدىسى .

10

قەلبىڭدىن ئاڭلىدىم نازۇك سادانى ، ئۇ بەلكى تۈمەن يىللىق كونا مۇھەببەتنىڭ داۋامى .

ھۆسنۈڭدىن كۆردۈم يېشىل گۈلشەننى ، ئۇ بەلكى كەلگۈسى گۈزەللىكىنىڭ ئۆلچىمى .

11

ئاسمان يىراقلىقى بولمىسا يۇلتۇزلار تەكتىكى ئۈزۈم ؛

ئۇ ئۆز جىسمىنى مەرۋايىت ئۈپىلىرى بىلەن بېزەپ مەرمەر ھەيكەل قاتۇرىدۇ .

مەن ئۇنىڭ تەرپىنى ئاددىي قەغەز ئىچىگە پۈتۈپ ياۋا گىياھ تېرىيمەن .

ئاددىي قەغەز ــ ئۆلمەسلىك دەرياسىدا سۇغۇرۇلغان ئېسىل .

16

ھۆسنۈڭگە بېقىپ تىلسىز بۇلبۇل ناخشچى بولدى . سېنى مەدھىيلىپ مەندەك نادان ئىلىم دەرياسىغا چۈشتى . قېنى مارجانلىرىڭ ، قەدرىمنى چۈشەنگىن ، گۈزەل سۇ پەرىسى ...

17

مۇھەببەت ئازاب چېكىدىغان بېھىش . ئۇنتۇلما ، ئالما يەپ لەززەتلەنگەن ھاۋا بېھىشتىن ھەيدەلگەن .

18

ھەممە ئەسىرلەر ئۆز گۈزەللىرىنى كۈيلەشتى . قىيامەت بولغاندا پۈتۈن گۈزەللەر ھايات مەيدانىغا قايتقاندا ، گۈزەللىك تەنتەنىسى قىيامەت ۋەسۋەسىسى ئۈستىدىن غالىب كەلمەسمۇ . سېنى زىۋىس ئېلىنانىڭ ئالدىغا قويىدۇ ، ئالتۇن ئالمىنىڭ ھەققىي ئىگىسى سەن . شۇ چاغدا تروٗيا ئۇرۇشىدىن مىڭ ھەسسە ھەيۋەتلىك رەشك بەيگىسىنىڭ بولۇشىنى تىلەمسەن ...

19

ھەققىي شېئىرىيەت ــ ئەركىن ئازادىلىقنىڭ مەشۇقى .

نوپۇزلۇق پىكىر ئۇنىڭ مۇشتىقى .

**30**

سەن ئالتۇن يالاتقان مەبۇد ئەمەس ، ھەقىقىي بەدەخشان ياقۇتى .

سەن كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ئەينەك پارچىسى ئەمەس ، چوڭقۇر دېڭىز .

مەن ساڭا نەزەر سالغىنىمدا ھەسرەتلىك بۇلبۇلدەك ئاۋازسىز پىكىرگە غەرق بولىمەن .

مەن سېنى ئويلىغىنىمدا چىراغقا ئېتىلغان پەرۋانىدەك ھەممىنى ئۇنتۇيمەن .

**31**

ئىنساننى ئاچكۆزلۈك ئەجدىھاسى بىلەن ھەسەتخورلۇق يالماۋۇزى مارجانلار مەيدانىغا

ئىتتىرىپ كەلدى . ساڭا يەنە نېمە يېتىشمەيۋاتىدۇ .

مارجانلارنى موھتاجلار قولىدىن تارتىۋالماڭلار . تارتىۋالغۇچىلارغا تارتۇق قىلىنىدىغىنى

>>مەغپىرەتنامە << ئەمەس ، بەلكى >> مەسخىرەتنامە ! <<

**32**

شەبنەم چۈشكەن لالىدىن ئىچسەم گۈلرەڭ شەربەتنى ،

توپا ، ئوت ، سۇ ، ھاۋادىن تاۋلىسام ھېس ـ ئىدراكنى .

مەپتۇنلۇققا ئەرزىمەس بىقارار ئىقلىم ماڭا ،

كۈيلىسەم سۆيۈپ قايتا گۈللەيدىغان چېچەكنى .

**33**

ھاياتنىڭ سىرلىرىنى بىلىش ئۈچۈن قىسمەت كەپتىرىنى ئۇچۇر ؛ ئۆمۈرنىڭ قامۇسىغا

مەنە ئېيتىش ئۈچۈن قېرىلىق راۋىقىغا چىققىن . قارا ، سېنىڭ قولۇڭغا يەتكۈزۈش

ئۈچۈن ، ئەي ئادەم ئەجدادىنىڭ ئەجدادى ، شېئىرلىرىم مارجانلىرى تولغان

ھېكمەت تاۋىقىنى ئېلىپ كېتىۋاتىمەن .

51

مېنىڭ خىياللىرىم سەن بىلەن بېزەلگىنى ئۈچۈن گۈزەل ؛

مېنىڭ سەۋدالىقىم سېنىڭ ئىزىڭدا يۈرگەنلىكىم ئۈچۈن زوقلۇق ؛

مەن پەقەت سېنىڭ قىسمەتلىرىڭ ئۈچۈنلا يىغلايمەن ۋە كۈلىمەن .

ئۆزۈمنى سەندىن زەررىچە يىراق تۇتۇش مەن ئۈچۈن قىيامەت !

52

مەن سېنى كۈتىمەن ، ئۈۋاللىق ۋە خارلىق ئىچىدىمۇ سېنى كۈتىمەن .

مەن سېنى تېخى كۆرمىدىم ، ئەمما ھەر كۈنى كۆرىمەن ، سەن چەكسىز تونۇشلار ئىچىدە چاقنايسەن .

مەن ئاۋازىڭنى تېخى ئاڭلىمىدىم ، ئەمما ھەر كۈنى ئاڭلايمەن ، سەن قىيا - چىيالار ئارىسىدا ئىڭرايسەن .

مەن سېنى كۈتىمەن ، يېنىمدا تۇرغىنىڭدىمۇ كۈتىمەن . چۈنكى ، سەن مېنىڭ ئايەملىرىمگە ساقىيلىق قىلمىدىڭ . سېنىڭ بەختىڭ مېنىڭ ئۈمىدىم . گۈزەل ھۆسنۈڭ ھەر بىر گىياھ ، ھەر بىر يوپۇرماق ، ھەر بىر چېچەكتە جىلۋىلىنىدۇ . سېنىڭ كۈلكەڭ ئىنسانىيەت تەقدىرىنىڭ تەنتەنىسىنى جاكارلايدۇ . سېنىڭ تەبەسسۇمىڭ بەخت باھارىنىڭ ھۇزۇرىنى نامايان قىلىدۇ .

سېنى كۈتىمەن ، تەقەززالىق ئىچىدە كۈتىمەن ...

53

تەسەۋۋۇر — ھېسسىياتلىق تەپەككۇر ، تەپەككۇرلۇق ھېسسىيات تەسەۋۋۇر ئەينىكىگە باقمەن ...

ئېھ ، ئۈمىدسىزلىك ! چەكسىز ئۈمىد دېڭىزىغا غەرق بولۇۋاتقان يەلكەن !
سېۋەتلىرىم گۈلسىز قۇرۇق ، ئۇنى پاخال بىلەن بېزىمەيمەن .
سۇمۇرغلىرىم پەيسىز ئاقساق ، ئۇنى خوراز پەيلىرى بىلەن زىنىنەتلىمەيمەن .
تىلسىز ، جىمجىت ، ئېغىر تىنىقلىرىڭدىن باشقا ئۈمىد نىشانىسى يوق .
ئۈمىدسىزلەنمەيمەن . ئۈمىد ئۈمىدسىزلىك تۈپرىقىدا ھەشەمەتلىك زەپەرنامىسىنى ھازىرلىماقتا .
ئېھ ، ئۈمىدسىزلىك ! سېنى مەسخىرە قىلمەن . ئىشەنمىسەڭ باھارغا ھامىلدار بولغان زىمىستانغا ، ھاياتقا ھامىلدار بولغان ماماتقا ، زەپەرگە ھامىلدار بولغان پاجىئەگە قارا . سېنىڭ ئاچچىق ، چېقىر ئۈجمىلىرىڭدىن چىققان ھايات شەربىتىنىڭ سۈزۈك ۋە شېرىنلىكىگە نەزەر سال .

**54**

كۆز يېشىڭنى ئاققۇزمىغىن . سېنىڭ قەلبىڭ تۇتاشتۇرۇلمىغان چىراغ . سېنىڭ قەلبىڭ ئۈمىد ئوتى بىلەن جاسارەتنىڭ نۇرانە چىرىغىغا ئايلانغىنىدا ، سەن قاقاقلاپ كۈلىسەن .
ھۇزۇرلىنىپ كۈلگىن . سېنىڭ كۈلكىلىرىڭ بۇرۇقتۇرما بولغانلارغا ئىلھام ، خارلانغانلارغا نىجادىيەت . ئۇ مۇناجات قىلىۋاتقان نامراتلارغا ساما قۇچىقىدىن كەلگەن يەھۋەنىڭ نىداسى ، براخمانىڭ شاپائىتىدىن قەدىرلىك ...

**55**

گۈزەل خىياللار ، شېرىن چۈشلەر ، جەلپكار ھېكايىلەر ...
رومانتىك تەسەۋۋۇر دۇنياسىنى شۇڭا قەدىرلەيمەنكى ، ئۇنى نۇرلاندۇرۇپ تۇرغان نەرسە ھايات چىنلىقىنىڭ ھازىرقى ياكى بولغۇسى گەۋدىسى . جانسىز ، گەۋدىسىز ،

ھېس - سەزگۈسىز رومانتىك خىيال — يۇلتۇزسىز تۈن ، چىراغسىز لەخمە !

مەن سېنىڭ تەسەۋۋۇر زىنىنەتلىرىنى چىنلاشتۇرغان پەرىنىڭكىدەك ھۆسنۈڭنى قاچانمۇ

كۆرەرمەن . گەۋدىسىز خىياللىرىڭ مەن ئۈچۈن سېغىنىشلىق تەسەۋۋۇر .

56

ئوت — تۆت زات ( قەدىمكى ئۇيغۇرلار ماددىنىڭ تۈزۈلۈشىنى تۆت تەركىبكە بۆلگەن :

ئوت ، ھاۋا ، سۇ ، تۇپراق )نىڭ ئەڭ يەڭگىلى .

ئوت ، ئوت تۈرلىرى تولا . پەرۋانىنىڭ زوقى ئۈچۈن پەقەت چىراغ ئوتىلا مۇقەددەس !

چىراغ ئوتى ! پەرۋانىنىڭ مۇھەببەت شەيدالىقىدىن دېرەكسىز بىرەھىم مەشۇقە . سېنىڭ

ئاشىققا بېغىشلىغان ئىلتىپاتىڭ ئۆلۈم خاتىرجەملىكى .

ئوت — تۆت زاتنىڭ ئەڭ يەڭگىلى .

ئوت ، ئوت تۈرلىرى تولا . ئىنسانىيەتنىڭ زوقى ئۈچۈن پەقەت ئالەم مۇھەببىتى ،

ھايات سۆيگۈسى ، زېمىن ئىشقى ئوتىلا مۇقەددەس !

زېمىن ئوتى ! ئەي ، ئانا تۇپراق .

ھايات ئوتى ! ئەي ، پۈتكۈل ئىنسانىيەت .

ئىنسانىيەت مۇھەببىتىنىڭ پەرۋانىدەك تەقدىرىنى تۈزەيدىغان ئەڭگۈشتەر يوقمىدۇ ؟ !

57

ھاياتلا ئىكەنمەن ، سەن مېنىڭ بارلىقىم .

سەزگۈچانلا ئىكەنمەن ، سەن مېنىڭ يېنىمدا .

مېنىڭ بەختىم : ماكان بىلەن زامان ئىچىدە سېنىڭ — مەلىكەم ، نازىنىن —

كۆلكىلىرىڭنى ھۇزۇرلىنىپ تىڭشىماق ...

58

ئېغىر ـ ئوقۇبەتلىك كەچۈرمىشلىرىم سېنىڭ تەبەسسۇم ۋە كۈلكىلىرىڭدە
مەمنۇنىيەتلىك ئورۇن تۇتالىسىلا ، قىسمەتلىرىمنىڭ ئەجرىدىن پەخىرلىنەتتىم .

59

قاباھەتلەردىن سەسكىنىمەن . بىر تامچە ئۇۋاللىق كۆز يېشى ئەتراپىدا پەرياد
چېكىمەن . ئاۋازىم پۈتكەندە خىيال سۈرىمەن : كىشىلەرگە ئۇۋال قىلماسلىق
ئاسان . ئۇنىڭدىن ساقلىنىپ ئەمىن قېلىش قىيىن . سۈيىقەستلەر غارىدىن ئادالەت
قۇدرىتى بىلەن ئازاد بولۇشتىنمۇ مۈشكۈل نەرسە بارمۇ ، ھەممە كۈلكىلەر ئىچىدە ئەڭ
گۈزەل ، ئەڭ يۈكسەك ۋە ئەڭ مەنىلىكى ، ئۇۋاللىق كۆز يېشىنىڭ چەشمىسى بولغان
سېنىڭ كۆزۈڭنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تەبەسسۇمى .

60

سەن ئالتۇن تەختىڭدىن چۈشۈپ مېنىڭ قومۇش كۆلبەم ئالدىدا توختاپ قالدىڭ .
بەلكى ، سەن مەڭگۈ پاشاشنىڭ نىجادىيىتىنى ئىزدەۋاتقانسەن !

61

...ئۆيىمۇ ئۆي قاتراپ قەلەندەرلىك قىلدى . بەزىدە يەككە ـ يېگانە ، بەزىدە
شېرىكلىشىپ قەلەندەرلىك قىلدى . خەزىنىدارلار كېلىپ قەلەندەر تۈركۈمىنىڭ يولىنى
توستى ... قەلەندەرلەردىن تىلەشكە باشلىدى . قەلەندەرلەر قاقاقلاپ كۈلۈشتى .
خەزىنىدارلار ھەيۋە قىلىشتى : سىلەرنىڭ ئالقىنىڭلاردا پۇل بولمىسىمۇ ، ئۇ سىلەردە ،
سىلەرنىڭ قېنىڭلاردا ، تېنىڭلاردا ، تېرىڭلاردا ،ۋاقتىڭلاردا ، شۇنى تىلەۋاتىمىز !
قەلەندەرلەر ئالتۇن چىقىرىۋېلىش >> چىغىرىق<< لىرىغا تاشلاندى .

62

گۈل تېرىيمەن ، قەلەندەر سېۋىتىنى كۆتۈرۈپ ، ئۆيمۇ ئۆي يۈرۈپ گۈل تېرىيمەن .

ئۇنىڭ زوقىدا ئالتۇنغا نەزەر سېلىش مەن ئۈچۈن گۇناھ !

63

مەن سېنى سۆيىمەن ، خىياللىرىم تەسۋىسىدىن ئىسمىڭنى مىڭلاپ ئۆتكۈزىمەن .

مۇلايىم پىچىرلايمەن ، جۇنۇنلۇقتىن چۇقان سالىمەن . ئىسمىڭنى ۋارقىراپ

قىچقىرىمەن .

مەن سېنى سۆيىمەن . بىراق ، كىملىكىڭنى ئېسىمگە سېلىش خىيالىدا ئەمەسمەن .

64

ئاھ ، ئىستىقامەت مۇئەككىلى مۇقەددەس تەڭرى .

سەن مېنىڭ يۈرىكىم بىلەن ھېسسىياتلىرىڭنى جۇشقۇنلىتىپ ئۆز ئىجادىيەتلىرىڭنىڭ

نادىرى بولغان ئىنسانىيەت تەقدىرىگە نەزەر سالچۇ . ئۇ چاغدا سەن ئەرشنىڭ

مەنىسىزلىكىنى سېزىپ بەندىلىك شاپائىتىنىڭ ھامىيسى بولۇشقا ئىنتىلەتتىڭ . بىراق

سەن ئۆز ئىجادىيەتلىرىڭگە كىبىر بىلەن قارايسەن .

65

ئۈمىد بىلەن ئۈمىدسىزلىك ئارىسىدىكى دالىدا مېنىڭ ھۇجرام بار .

قايغۇ ۋە خۇشاللىقلار ماڭا ھايات ئىمتىھانلىرىنى بېرىپ تۇرىدۇ .

پۈتۈمنى تۇتىيا تۇپراقتىن ئايرىمايمەن ، گىياھلار مېنىڭ سىردىشىم .

ئەمما ، غۇرۇر ۋە ئىپتىخارغا كەلگەندە بېشىمنى ئاسماننىڭ ئەڭ يۇقىرى قاتلىمىدا

تۇتىمەن . چۈنكى ، كۆزۈم مىليونلار ئۈمىدى ، سۆزۈم مىليونلار لەۋزى .

بۇ نىسپىيلىك ئالەمدە مۇتلەق قايغۇ ۋە مۇتلەق خۇشاللىق تەسەۋۋۇرى ھەققەتەن ئۇمىدسىزلىكنىڭ پاتقىقى !

66

ھايات ــ ئۆلۈم ۋە ياشاش كوچىسىغا تاشلانغان زاكىلانغان بوۋاق ؛

ھايات ــ دائىم ھايات ۋە مامات بۆشۈكىدە تەۋرەنگەن پەرزەنت !

ھايات ــ ئۆلۈم ۋەھىمىسىنى قەلبىگە يوشۇرغان ئەزرائىلنىڭ تۇغقىنى !

ھايات ــ زىۋۇسقا ئىسيان قىلغان ئەزىمەت پرومېتۇس بىلەن ئاتلاسنىڭ جەڭ شەجەرىسى ...

ھايات ــ ئۆلۈم ئۇستىدىكى زەپەر !

67

سېنىڭ سۆيگۈلىرىڭ خۇشاللىق نۇرىنى جىلۋىلەندۈرگىنىدە ، مېنىڭ ئارزۇلىرىم مۇھەببەت مېۋىسىنى پىشۇرىدۇ .

68

مەن بىر دەستە گۈلنى ، بىر تەخسە مېۋىنى ، بىر گۈزەلنى سۆيىمەن ، ئەمما شۇنىلا ئەمەس ، مەن ئائىلە مۇھەببىتىنىڭ ئىللىق قۇچىقىدىن پۈتۈن ئالەمگە تەلپۈنىمەن . مېنىڭ مۇھەببىتىم پۈتۈن ھەقىقىي كىشىلىك ، ئۇنىڭ دىلنى مەپتۇن قىلىدىغان قىسمەتلىرى بىلەن ئۇمىد شولىسىدا جىلۋىلىنىپ تۇرغىنى بولسا كەلگۈسى .

69

مەن تېخى ئاتاپ ئىسمىڭنى تىلغا ئالمىدىم . سەن تىلىمغا پاتمايسەن .

مەن تېخى كۆڭلۈمنى ساڭا ئىزھار قىلمىدىم . ئۇ ئىزاھاتقا ھاجەتسىز .

سىر ئەمەس ، مېنىڭ سۆيىدىغىنىم چەكسىز ۋە ئۇلۇغ ناتونۇشلار دۇنياسى ...

70

ئۈمىد تەڭرىسى ــ ھەۋەس ۋە تاقەت مۇئەككىلى ، مەن ساڭا سېغىنىمەن .

ئارزۇيۇم ــ كەلگۈسى ئىستەكلىرىنى رېئال دۇنيادا تىرىلدۈرۈش ، باقىي ئالەم ئەپسانىلىرىنى پانىي ئالەم مېۋىزارلىقىغا ، ساماۋى ھالاكەت چۆچەكلىرىنى كۈندىلىك ئىنسان ھاياتىغا ئايلاندۇرۇش .

مەن ساڭا سېغىنغىنىمدا قەلبىم ئېرىپ ئاقىدۇ ، ئۇ شارقىراپ ئۆركەشلەپ ئاقىدۇ .

ئىپتىخار قىلىدىغىنىم تار جىسمىمدىن يامرىغان ئۇلۇغ ئىستەكنىڭ ئىنسانىيەت ئىستەكلىرىنىڭ چەكسىز دېڭىزىغا راۋان بولغىنى .

قۇشلار ئۆز چاڭگىسىغا قايتقاندەك ئۆز دىيارىغا قايتقان خىياللىرىمغا قاراپ مېنى ئەيىبكە بۇيرۇما ، چۈنكى ئۇنىڭ مەشخۇل سەپىرى يەنىلا ئاشۇ چەكسىز دېڭىز ...

71

مەن مەرۋايىت ئىزدەيمەن ، ھەر كۈنى دېڭىز بويىغا بارىمەن ...

بۇ قېتىم يېڭى كېمىگە چۈشۈپ كەتكىنىمنى كۆرۈپ تېڭىرقىمىغىن ، مەن يەنىلا مەرۋايىت ئىزدەپ چىقتىم . دېڭىزنىڭ چوڭقۇر يېرىدىكى سەر خىل مەرۋايىتلارنى ئېلىشتا كونا كېمىنىڭ يارامسىزلىقىنى سەزدىم .

مەن دېڭىز ئاستىغا ، قايغۇ ـ خۇشاللىقلار قايناملىرىغا يېقىنلاشقىنىمدا ، سەن ئەندىشە قىلمىغىن .

مېنىڭ مەرۋايىت ئىزدىشىم ، ئۇنى زىننەت قىلىش ئۈچۈن ياكى ئۇنى جاھانكەچتىلىك بازىرىدا سېتىش ئۈچۈن ئەمەس . ياق ، بۇنىڭ ئەكسىچە ئۇلارنىڭ قاتارىغا غەرق بولۇش ئۈچۈن ، پەرۋانىدەك قەلبىمگە مۇقەددەس ئوتتەك كۆرۈنگەن بۇ دەرگاھتىن

مېنى قايتۇرما . مەن ئۇنى پەرۋانىدەك شەيدالىق بىلەن ئىزدەيمەن .

ئالەمنى يورۇتىدىغان مەرۋايىت سەن ــ ئەي مۇقەددەس ئىنسانىيەت !

72

قولۇڭدىكى ئالتۇن نەي ئەمەس ، ئاددىيغىنا قومۇش نەي .

مۇشۇ نەي بىلەن چالغان كۆيۈڭنى ئاڭلىغان كىشى قولىدىكى ئالتۇن نەيزىنى ساڭا

ئىنئام قىلىپ ، يەنە ئاڭلاشنى مۇراجىئەت قىلىدۇ .

سەن كۆلسەن ، چۈنكى : ئالتۇننىڭ ئاۋازى بايلىقنىڭ خىرقىرىشى ، ئۇ ئۆز - ئۆزىنى

شىكايەت قىلالمايدۇ ...

73

مەن قاراڭغۇلۇق دەشتىدىكى ئىنتىزار بۇلبۇل ،

سەن يورۇقلۇق كۆلىدە تولۇپ ئېچىلغان نىلۇفەر گۈلى .

74

مەن قۇرۇق قولۇم ۋە ئوتلۇق يۈرىكىم بىلەن ساڭا يېقىنلاشتىم .

نىيىتىم سەندىن ئېلىپ كېتىش ئەمەس ، بەلكى ساڭا بېغىشلاش .

75

كۆلگىنىڭدە كۆز ياشلىرىڭ تاققان مارجانلارنى تاشلىما .

يىغلىغىنىڭدا كۈلكىلىرىڭ چاقناتقان ئۈمىد چىرىغىنى ئۆچۈرمە .

76

ئىلاھ ! ئۆز ئىجادىيەتلىرىڭنىڭ ھايات قىسمەتلىرىنى كۆز يېشى تۆكۈپ تۇرغان قىزنىڭ

كۆزى ئارقىلىق كۆزەتچۇ ! ياكى مۇشەققەت ئىمتىھانلىرىڭ ئاخىرلاشمىدىمۇ ؟ !

ئۆز ئىجادىيىتىڭىنىڭ ئاخىرىنى ھەمىشە سوفىكىلدەك ئاخىرلاتما .

ئۇنى قەھرىمانىنىڭ ئۆز ئىلكىگە قوي ، ئەرش بىلەن زېمىننىڭ توساقلىرىنى ئىرغىتىپ تاشلا !

77

ئاھ ، بەخت ! ... ئالتۇن قاناتلىق ھۇما ، مەرۋايىت بېزەكلىك ئوردا ، خۇش پۇراق چېچەپ تۇرغان نازۇنېمەت ، كۆڭۈلنى مەپتۇن قىلىدىغان سېھرلىك كونۇپېرت ...

ئاھ ، سائادەت ! ... ئادەم ئالدايدىغان ئىبلىسنىڭ يېپىنچىسى ، ئىئوسنىڭ ئالتۇن ئالمىسى ، كۆكنارنىڭ ۋەرىنىسى ...

ئامەتنىڭ بەخت قۇشى قانىتى ئاستىدىن شاھانىلىق سايىسى ئىزدىگەن ئادەم بەختنىڭ بەختسىز قۇربانى .

نادامەتنىڭ ئاچچىق ھەسرىتىنى بايلىق يوقىتىشىدىن ئىزدىگەن ئادەم بەختسىزلىكنىڭ مەسخىرە ئۆزنىكى .

بەخت ھازىرقى مۇراببا قاچاڭنىڭ تېگىدە ئەمەس ، كەلگۈسى ئون يىللىقلىرىڭنىڭ لەززىتى ئۈستىدە .

سائادەت ھازىرقى تەنتەنە يوپۇقلىرىڭنىڭ زەر جۇلاسىدا ئەمەس ، مۇستەقىل ھايات ئىقتىدارىڭدا .

بەخت ــ يېنىڭدا ، قەلبىڭدە ، كەلگۈسىگە سىڭدۈرگەن ئەجرىڭدە .

ئۇ سېنى كۈتۈپ تۇرمايدۇ ، ئۇ قۇلۇڭلە قېپىدا .

78

ئەڭ ئاخىرقى ۋە ئەڭ مەنىلىك كۆز يېشىنى ئىزھار قىلىدىغان قەلبى پاك ۋە

تەپەككۇرى نۇرانە ئادىمى بولمىغان كىشى بەختسىز . تەنتەنىلىك كۈلكىلىرىڭگە سادا قاتقانلارنىڭ ھەممىسى كۆز ياشلىرىڭغا ھەمراھ بولالارمۇ .

79

ئۆستەڭ ياقىسىدىكى مەجنۇنتاللار بۈك ـ باراقسان .

ئۇلارنىڭ تەقدىرى جاھانكەچتىلىك ئوچاقلىرىدا چارسىلداپ ناخشا ئوقۇپ تۈگمەك .

قەيسەرلىكنى تەرسالىق دېگۈچىلەرگە كۈلمەن . مەزمۇت شەمشات ۋە دۇپ ياغچىنى قەدىرلەيمەن . قەيسەرلىكنى كىنايە قىلغۇچى ئەۋرىشىملەرنىڭ سۆگەت تاللىرىدىن ئۆزگىچە بولمىغان تەقدىرىگە تارىخ كۆز يېشى قىلارمىكى ...

80

ئەركىنلىك ــ ئۆزىنى ، ئۆزگىنى چۈشىنىشتە .

مەن ئىپتىخار ۋە غۇرۇردىن ، قەتئىيەت ۋە قەيسەرلىكتىن ، زورۇرىيەت ۋە مۇمكىنلىكتىن خالىي ئەركىنلىكنى چۈشەنمەيمەن . ئەركىنلىك ــ ئالەم بىلەن ئادەمنىڭ تۇتىشىپ تۇرىدىغان ھېكمەتلىك ھالقىسى .

قارا ، يېڭىلمەس ئەرك تەڭرىسى يەنىلا مۇلايىم مۇھەببەت ئىلاھى ئالدىدا ئېگىلىپ تۇرۇپتۇ . بىراق ، سەن ئۇنى گۈزەللىك ئالدىدا ئېگىلدى ، دېمىگىن ، ئۇ ئىختىيار ئالدىدا ئېگىلدى !

81

دەردمەنلەرنى كۆرگىنىمدە ئۆز دەردلىرىمنى ھېس قىلىمەن .

مۇشۇ ھېسلىرىمنى تەپەككۇر قىلغىنىمدا قەدىر ـ قىممىتىمنى چۈشىنىمەن .

دەردلىكلەرگە ھېسداشلىق قىلماسلىق ئىنسانىيەتتىن يۈز ئۆرۈگەنلىك !

82

ئىسكەندەرنىڭ نامىغا ياسالغان ھەممە >> ئىسكەندىرىيە << قەلئەلىرى
خارابىلاشتى . ئۇنىڭ دارا ئۈستىدىن قازانغان غەلىبىسىنى رىم ۋە ۋىزانتىيىلىكلەرنىڭ
تەنتەنىلىرى غەرق قىلدى . ساماۋى رىم ئىمپېرىيىسىمۇ يىمىرىلدى . تارىخ ئالدىنقى
غەلىبىلەرنى كېيىنكى زەپەرنامىلەرنىڭ مەسخىرە قىلىشى بىلەن بېزىدى .

سۇمۇرغ ئوتتۇرا ئاسىيا ئىسلامىيەت دۇنياسى ئۈستىدا ئەگدى ... ئەنە فارابى . ئۇ
ھالاك قىلىنغان ئافىنا ، خارابىلاشقان ئىسكەندىرىيە ھېكمەتنامىلىرىگە تەفسىر
يازماقتا >> . ئىككىنچى تەلىمات<< نىڭ ئارىستوتېل مەكتىپىدىن مول سەمەرلىرى
ئوتتۇرا ئەسىر دۇنياسىنى شولىلاندۇرۇپ ، ئۆلمەس ئىنسانىيەت ئەقلىنىڭ راۋان
دەرياسىنى بېيىتتى .

ئەنە قەدىمكى ئەفراسىياپ شەھىرى ، ئەنە تۈرك خاقانلىرىنىڭ مەڭگۈ ئابىدىلىرى ،
ئەنە قۇم قەھرىگە غەرق بولغان بۈيۈك تەكلىماكان خەزىنىلىرى . تارىخ خاقانلار ،
تىكىنلەر ، مەلىكىلەر ۋە ئۇلار نامىغا ئاتالغان زەپەر قەسىدىلىرىنى يوق قىلىۋەتتى .
تارىخنى سەنىلا يەكۈنلىمەيسەن . تارىخ سېنى يەكۈنلەيدۇ .

شەرق ۋە مىسىرلىقلاردىن ئاپىرىدە بولۇپ ئافىنا ۋە كىچىك ئاسىيادا
مۇجەسسەملەشكەن ئەقىل جاۋاھىراتلىرى فارابى ۋە ئەرەب دانىشمەنلىرىنىڭ
تەپەككۇرى ئارقىلىق يەنە ئىسپانىيىگە ، فلورېنسىيىگە يۆتكەلدى .

ھەقىقىي زەپەرنامىلەرنى تارىخ ئۆزى مەدھىيىلىگۈسى .

83

تولۇنخانىنىڭ ياسىداق ئوردىسىدىن ھالقىپ سالاھىددىن ئايۇبنىڭ جەڭگاھىنى
كۆزەتتىم . سەلىپ ئۇرۇشىنىڭ ئوت يالقۇنلىرى بىلەن غازات جېڭىنىڭ قان توپانلىرى
ئارىسىدا پەرياد چەكتىم . كۆزۈمدىن تارامشىغىنى ھەسرەت نالىسى ، ئاسماندىن

ياغقىنى ئادەم بىلەن ھاۋانىڭ مۇسبەتلىك كۆز ياشلىرى . مۇسا بىلەن پىرئەۋىن كۆز ئالدىمغا كەلدى ، ئېرۇسالىم ـ قۇددۇس شەرىپ شىرىنىنىڭ جامالىمۇ يا . ئالەمگە دىنىي ئىختىلاپلار سېلىپ بەندىلىرىڭنىڭ قونچاق تىياتىرىنى تاماشا قىلغۇچە مۇقەددەس نىجادىيەت ئاپتىپىنى ياپىساڭچۇ !

84

سۇرىيە سەھرالىرىدا ۋە ئالىپ كوچىلىرىدىكى قۇللار ، تىلەمچىلەر ئارىسىدىن ئىككى زاتقا كۆزۈم چۈشتى . ئۇنىڭ بىرى ئىسپانىيىنى ئىستېلا قىلغان ئەرەب سەركەردىسى ئابىد ئەرراخمان ئىدى . زىبۇ زىنىنەت ۋە تاجى راھەتنىڭ بۇ ئەزىز مېھمىنى توپا تاملىق تار مەھەللىلەردە يېرىم يالىڭاچ تىلەمچىلىك قىلىپ يۈرەتتى . ئوقنىڭ يەنە بىرى لىئاپولدا سەلىپ ئۇرۇشى خرىستىئانلىرىغا ئەسىر بولۇپ خەندەك كولاۋاتقان شىرازلىق يېتىم شەيخ سەئدى ئىدى . ئابىد ئەرراخماندىن ئاچلىق ئىچىدە تاشلاپ كەتكەن جەسەتتىن باشقا ھېچقانداق نىشان قالمىدى . سەئدىنىڭ << گۈلىستان >> ، << بوستان>> دىن ئىبارەت ئاجايىپ ئەسىرى خوتەن ئىپارىدەك مۇشكى خوتەن خۇش پۇراق چىقىرىپ ، شامالدا تۆكۈلمەيدىغان ئەتىر گۈلىدەك زامان قاپقىلىرىدىن ئۆتۈپ يىراقلاپ بارماقتا . زەر يوپۇقلۇق ۋە ئىلكىدىكى تەڭداشسىز ئالماسقا زوقلىنىپ تۇرغان ئابىد ئەرراخمان ئېفىئوپىيە ، مىسىردىن تاكى ئافغان ۋە قەشقەرگىچە سەرگەردانلىق ئىزىنى قالدۇرغان شەيخ سەئدىنى نەزىرىگە ئىلمايتتى ، ئەلۋەتتە .

85

چىڭگىزخانىنىڭ قازانغان ئالەمشۇمۇل غەلىبىلىرى ، ئۇنىڭ تەنتەنىسىگە بېغىشلانغان قەسىدىلەر گويا ئەقىل كەسكۈچى شارابتەك ئۇنى تېخىمۇ تەنتەك قىلىۋەتتى . ئۇ كۆك

دېڭىزغىچە  ئۆز ئالقىنىغا ئېلىپ جاھان شاھانىسى بولۇشنى ئىستىگەن . تالانغان

بايلىق  موڭغۇل دالاسىنى ئاۋات قىلالمىدى ، زەپتە قىلىنغان زېمىن موڭغۇل نوپۇسىنى

ئاشۇرالمىدى ، ئاتالغان زەپەرنامىلەر ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قوزغىيالمىدى .

تارىخ  مەڭگۈ خانلىقنى ، ئۇپرىماس قەسىرنى ۋە مۇئەللەق ھاكىمىيەتلىكلىقنى يەنىلا

ياۋا گىياھتەك ئۆز نۆۋىتىدە ئەرزىمەس قىلىۋەتتى . ئۇنىڭ چاقماقتەك  ھەيۋەتلىك

گۈلخانلىرى بىر چۆگۈن سۇنى قايناتماستىن غايىب بولدى .

بېشىمنى  سېلىپ  ئۇنىڭ قەبرىسى يېنىدىن ئۆتتۈم . يوپۇرماقلار ئىچىدىن شىۋىرلىغان

پىچىرلاش ئاڭلانغاندەك بولدى : تارىخ ھەر قانداق غەلىبە تۆپەيلىدىن

ئىلگىرىلەۋەرمەيدۇ ، ھەتتا شۇنداق غەلىبىلەر باركى ، ئۇ تارىخنى  يۈگەنلەيدۇ ۋە

مەسخىرىگە ئايلىنىدۇ . بابۇرنىڭ ، بولۇپمۇ ئەكبەرنىڭ  ھىندىستانغا بولغان تەسىرى

بىلەن چىڭگىزخاننىڭ خارەزىمگە بولغان تەسىرىنى  قانداق سېلىشتۇرۇش مۇمكىن ...

ئاتقا مىنىش ئالدىدا زېمىننى ۋە ئۇنىڭ تارىخىنى ئەقىل بىلەن چۈشەندۈرۈش كېرەك !

**86**

پاھ ، نەۋائىنىڭ >> چاھار دىۋانى << نېمىدېگەن ئۇلۇغ گۈلشەن ! ئۆز  مەشۇقى

سۇلتاننىڭ قارا نىيىتىگە قارشى زەھەر ئىچىپ ئۆز ۋىجدانىنى نامايىش  قىلغاندىن

كېيىن ئۇنىڭ ئىشقى ۋە مەرسىيىسىنى پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ئىشقى ۋە  زارنامىسىگە

ئايلاندۇرغان جاسارەتلىك شائىرنىڭ ھەقىقىي قەلبى مۇشۇ  شېئرىيەت گۈلشىنىدە ئۆز

مەشۇقى بىلەن مەڭگۈ قوشۇلغان .

ماڭا ھەر بىر غەزەل ئۆزىگە خاس ۋە ئۆز ئېپتىخارىغا خاس مەزمۇن بىلەن ئۇلارنىڭ

مۇبارەك  دىدارىنى نامايەندە قىلدى . قەلبنى ھەميان قىلىۋالغان ، دۇئاگۆي

مۇئەللىپلەرگە كەلگەندە ئۇلار نەزەر سېلىشقىمۇ ئەرزىمەيدۇ .

87

مانا لى چىڭجاۋ ( خەنزۇ ئەدەبىيات تارىخىدىكى تاڭ دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئايال شائىر )نىڭ ھەسرەتلىك شېئىرلىرى ، ئىزغىرىن شامال ، نەمخۇش تۈتەك ، ماتەملىك شام يېشى ، ھەسرەتلىك مىسرالار ... مەن ئۇنى تۇل قالغان ئاياللىق دۇنياسىنىڭ مۇناسىپ داھىيسى دەپ قارايمەن . ئۇنىڭ قىسمەتلىرىنى تەكرارلىغانلار ئاز ئەمەس . يەنە كىملەرگە بۇ قىسمەتلەرنى ئاتاۋاتقانسەندۇ بىھېس پەلەك !

88

قورقۇنچاقلار !

ئۇلار قورقىدۇ ، ئۇلار پۈتۈن جىن - ئالۋاستىلارنىڭ ئانىلىرى ! ئۇلار قورقمىغان بولسا قورقۇنچاقلىق كېسىلى ئەسىرلەر يالدامىسى بولالماس ئىدى ...

89

يالتىراپ تۇرغان ئۈپا - ئەڭلىك ، پۇرقىراپ تۇرغان قاپقارا كۆيە ، تەنتەنىلىك يالغان - ياۋىداق ، ئار - نومۇسنى قايرىپ قويىدىغان بىشەم تۆھمەت ، ئەقلىنى پالەچ قىلىدىغان بىخۇدلۇق شەربىتى ، ئادالەتنى تاۋۇتقا سالىدىغان بوھتان جامائىتى ، پرومىتۇسنى سىقىملايدىغان قارا قۇش تىرنىقى ، زىۋۇسنى ئۇلۇغلايدىغان گرېك ئەپسانىسى ، ئاتلاسنى مۈكچەيتىۋەتكەن ئاسمان تەۋىڭى ، چىڭگىزخاننى كۆتۈرۈپ ماڭىدىغان تەختىراۋان ... مەن بۇلارنىڭ يىللارنى ئاتلىشىغا ئىشىنىمەن . ئەمما ، ئۇلار ئەسىرلەر بوسۇغۇسىدا تەكشۈرۈلمەي قالمايدۇ . جاھان سوتخانىسىنىڭ سۇدىيىسى ۋاقىت ، ئۇنىڭ يەكۈنى تارىخ .

90

دۇنيانى ئەينەن چۈشىنىشىڭ ، ئەينەن چۈشەندۈرۈشۈڭ لازىم . ئۇنى بېزەكلەپ ياكى

خۇنۇكلەشتۇرۇپ دوستلىرىڭىزنىمۇ ، دۈشمەنلىرىڭىزنىمۇ ئالدىمىغىن . راستلىق ئىنجادىيەتنىڭ شەرتى . قۇدرەت چىنلىقتا ، لېكىن ئالداشتا ئەمەس . كىشىلەر ئۆزلىرىنى ۋە ئۆز مۇھىتىنى ئەينەن بىلگەن جايدا نۇر ھۆكۈمرانلىقى سايىلەرگە ئورۇن قالدۇرمايدۇ .

91

ئادەمنى لايدىن ، ھاۋانى ئادەمنىڭ چەپ بىقىنىدىكى بىر تال قوۋۇرغىسىدىن ياسىغاندا يەھۋە يېتەرلىك تەرسا ئىدى . ئۇ ئادەم بىلەن ھاۋاغا ئەقىل دەرىخىنىڭ مېۋىسىنى يېمەسلىككە بۇيرۇغان . ئىبلىسنىڭ تەشەببۇسى بىلەن بۇ ئالمىنى يېگەن بىلەن ، ئادەم بىلەن ھاۋا ئەڭ دەسلەپ ئەۋرىتىنى يېپىشنى ئۆگەنگەن .

92

ھەيرانمەن : يەھۋە نېمشقا بۇنى تەقىب قىلدى ، شەيتان بۇنى نېمشقا تەشەببۇس قىلدى ؟

ھەيرانمەن : ئادەم بىلەن ھاۋا تۇنجى قېتىم ئىلىم ۋە ئەخلاق تۇپەيلى گۇناھكار بولغان ھەم جازالىق بولغىنىدا ، تۇنجى قانۇن روياپقا چىققاندا ئاسمان زېمىننىڭ تەكتىدە ، زېمىن ئاسماننىڭ ئۇستىدىمىدى ؟! يەھۋەنىڭ دەھشەتلىك غەزىپى ۋە ھەيۋەتلىك جازاسى ئىنسانىيەتكە ئەقىل ، ئىلىم ۋە ئەمگەك ئىجادىيىتىنى ئېچىپ بەرگىنى ئۈچۈن ئىنسانىيەت ئۇنىڭ تەرسالىقىنى كەچۈرمەسمۇ ؟

ئويلىنىمەن : يەھۋەمۇ ئۆزگىرىپ كەتتى ، ئۇ ئىلگىرىلىدى ، ئۇ مۇسا بىلەن قارۇننىڭ ۋاقتىدا بىر قېتىم ، مۇھەممەد مۇستاپا ۋاقتىدا بىر قېتىم ئىلگىرىلىدى . ئۇ ئەمدى >> ئىقرا ) << ئۆگەن ) سۈرىسىنى چۈشۈردى .

تۇرۇپلا تېڭىرقايمەن : ئەمدى ئوقۇماسلىق ، بىلمەسلىك ، شۈبھىلەنمەسلىك سىماسىنى

شەيتان ئۇستىگە ئالدىمكى ياكى ئۇ يەھۋەنىڭ نامىدا سۆزلەشكە كىرىشتىمۇ ؟

پەرياد كۆتۈرىمەن : ئىلىم دەرىخىنىڭ بىلمەكلىك مېۋىسىنى تەۋسىيە قىلىپ ، زېمىندىن

جەھەننەمگە ھەيدەشنىڭ تۈزىقىنى يايمىغاندۇرسەن !

93

ھا ... ھا ... ھا ... قاقاقلاپ كۈلىمەن . مېنىڭ كۈلكىلىرىمنى بوغىدىغان ھېچقانداق

ئېھتىيات قورقۇنچىسى يوق .

ھا ... ھا ... ھا ... ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ كۈلىمەن . مېنىڭ كۈلكىلىرىمنى ئەۋجىتىدىغان

ھېچقانداق خۇشامەت قىساسچىلىقى يوق .

مەن ئىنسانىيەت ئۈچۈن كۈلىمەن ، تارىخ ئۈچۈن كۈلىمەن . مەن تارىخ مۇزىكانتىنىڭ

ئازادە كۈيچىسى .

94

ئەنە دانتې ئالگېرى !

ئۇ >> جەھەننەمنامە << ، >> ئارابنامە << ، >> جەننەتنامە<< دىن

ئىبارەت ئۈچ قىسىملىق روھىيەت داستانى >> تەڭرى كومېدىيىسى<< نى يېزىپ

تۇگەتتى . ئۇنىڭ يەھۋەگە نىسبەتەن سەۋەنلىكى شۇكى ، ئۇ ئۆز ئىجادىيىتىنى

يوقلۇقتىن بار بولغانلاردىن ــ ئادەم بىلەن ھاۋادىن ۋە ئۇلارنىڭ ئېرەم باغدىكى

ھاياتىدىن باشلىمىدى ، بەلكى بىچارىلىكتىن يوقالغانلاردىن ، ئالدى بىلەن

جەھەننەم ئازابىدىكى ئەرۋاھلاردىن باشلىدى .

زادى جەننەتتىن جەھەننەمگىمۇ ياكى جەھەننەمدىن جەننەتكىمۇ .

بۇنى يەھۋەنىڭ تەۋرات ئەپسانىلىرى بىلەن دانتېنىڭ روھانى كومېدىيىسى

يېشۋالسۇن . بىزنىڭ كۆڭۈل بۆلمىدىغىنىمىز كۆزلىرى مۆلدۈرلەپ تۇرغان تىرىك ئىنسانىيەتنىڭ رېئال ھاياتى !

95

كىيىملىرىڭ كونىرىغاندا ھەر قېتىم رەڭدار كىيىملەر كىيىسەن .
چۆچەكلىرىڭ ئاخىرلاشقاندا ھەر قېتىم يېڭى ھېكايەتلەر توقۇيسەن .
كۆزلىرىم ئاجايىپ - غارايىپ رەڭلەر ئىچىدە قاماشقاندا ، مەن گاڭگىرايمەن .
قۇلاقلىرىم ئاڭلىمىغان - بىلمىگەن سەھىپىلەر بىلەن پۈتۈپ كەتكەندە ، مەن ھاياجانلىنىمەن .
كۆز - قۇلىقىمنىڭ ئارام ئالىدىغان ۋاقتى يوق .
مەن نېمىگىدۇر تاقەتسىزلىنىمەن . مۇشۇ ئاجايىپ - غارايىپ رەڭلەر ، مۇشۇ ھەيرەتلىك شېرىن سەھىپىلەر ئىچىدە تۇرۇپ توڭلايمەن ، ئېچىرقايمەن .
قېنى كىممۇ بۇ كېيىنكى سەزگۈلىرىمنى تاقەتسىزلىك ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇپ ، ئۇنىڭمۇ بوشلۇق پۈرستىنى بىكار قىلسا ...
چۆچۈيمەن : بۇ ئىنسانىيەتنىڭ چۈشەكىگەن مۈشكۈل ئالگېبراسى ...

96

قەھرىمانلار كۆكرەك مۇشتلاپ چىقىشتى ، ئىنسانىيەت توپىنىڭ بېشىغا ئۆتتۈۋالدى .
قەھرىمانلار خىتاب قىلىپ چىقىشتى ، بۇ مەسىلىنى ئۆزلىرى ئۈچۈنلا يوچۇن ھەل قىلىۋالدى .
قەھرىمانلار ھېكمەت كۆرسىتىپ چىقىشتى ، ئۇلار بۇ ئالگېبرانى رەڭدار چىراغلار ۋە داغدۇغىلىق ھېكايىلەر ئىچىگە غەرق قىلىۋەتتى .

توڭلاپ دۆگدىيپ ، قەلىمنى لېۋىمگە سۈركەپ ، بۇ ئالگېبرانى يېشەلمەي ئەسرلەر قوينىغا چۆكمەن .

97

خەلقتىن بىر قەدەم چەتلەپ تۇرۇپ ئادالەتتىن قانداقمۇ سۆز ئاچقىلى بولسۇن .

خەلق ئادالەتنىڭ گەۋدىسى ، مىزانى ۋە تەھرىرى .

ئادالەت باشقا نەرسە ئەمەس ، ئۇ خەلقنىڭ كۈندىلىك ۋە تارىخىي مەنتىقىسى ، بېجىرىم ھېساب كىتابى .

ئادالەتنىڭ تۇغى ۋە ھەققانىيەتنىڭ خىتابى ئەنە شۇ مەنتەقە بىلەن ھېساب كىتابتىن تۈزۈلگەن . ئۇنىڭ دىدارى مەنىۋى زەربىسى ماددىي ، مەسخىرىسى تارىخىي ...

98

زىيانەخشەپنىڭ << تۇتنامىسى >> مېنى زوقلاندۇرالمىدى . ھەر كۈنى پىكىر بوستانىدا ئۈزۈلمەي ناۋا قىلىدىغىنى بۇلبۇلنىڭ نالىسى .

مەھلىيا بولمەن : ئۇ گۈلنىڭ غېمىدە ئۆز كۆكسىنى قان قىلغان .

ھەيرانمەن : پەلەكنىڭ تونۇيدىغىنى تۆت پەسىل ۋە پلانېتلار سەيلىسى ، ئۇنىڭدا بۇلبۇل بىلەن گۈل سەزگۈلىرى يوق !

پىچىرلايمەن : بەختسىزلەرنىڭ پاجىئەلىرى بولمىسا ، بەختىيار مەلىكىلەرنىڭ شېرىن ھېكايىلىرى قەيەردىن ئاپىرىدە بولاتتى ...

99

ئون مىليون قوشۇنمۇ ۋاقىت تەقەززاسى تۆپەيلى يېرىم ئەسىر ئىچىدە تۇپراققا ئايلىنىدۇ . مەڭگۈ يالتىراپ تۇرىدىغان غالىب كۈچ ـ پەقەت ھاقارەتلەنگەن ھەقىقەت

ۋە ئىپتىخارلىق يۈكسەكلىك . سەركەردىنىڭ دانىشمەنلىكى ئۇنىڭغا ھۆجۇم قىلىش

ئەمەس ، ئۇنىڭدىن داجىپ چېكىنىش ...

100

زامان - زامانلار ئۆتتى ، تروۋيا قەھرىمانلىرى ۋە سپارتاك باتۇرلىرىنىڭ شۆھرەتلىك

جەسەتلىرى ئارچا گۈلخانلىقىدا كۆيۈپ كۈل بولدى .

زامان - زامانلار ئۆتتى ، سۇمۇرغنىڭ يېڭى بوغۇنلىرى ئوت ئىچىدىن قايتا تۆرىلىپ

چىقمىدى . ئۇنىڭ ئىزگۈلۈك پەزىلىتى بىلەن جاسارەتلىك خاتىرىسى ھېكايىلەردە

ساقلانماقتا .

ئەنە مىڭ يىللار ، مىليون يىللار ئۆتتى ، ئۆتكۈسى .

مەن سۇمۇرغ بىلەن ئەڭگۈشتەر تېغىغا قاراپ ئۇچتۇم .

ھۇۋقۇشلار پىتنىسگە كەلگەندە ، سۇمۇرغ قاناتلىرىنى ئۇرۇپ ھاۋا قەرىگە شۇڭغۇپ نەرە

بىلەن نىدا قىلدى : ئۇ گۇناھسىز !